## «شەنشى دولقۇنىنىڭ بېشىدا مەزمۇت تۇرۇش، تىرىشىپ دەۋر ئەزىمەتلىرىدىن بولۇش ئىرادىسى ۋە جاسارىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك»

(بېشى 2 ـ بەتتە)

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا، جىنمى كەنتىدە مور تېرىش يەرگە تېرىشتىن ئەقلىي ئىقتىدارلىق پارنىكتىكى تۆۋرۈكتە ئۆستۈرۈش، ئېسىپ ئۆستۈرۈشكە ئۆزگەردى، كەنت ئاھالىلىرىمۇ ئوتىغۇچ بىلەن يەرنى كولاشتىن ئەقلىي ئىقتىدارلىق يان تېلېفون ئارقىلىق مور تېرىقچىلىقىنى باشقۇرۇشقا ئۆزگەردى، تاغ يوللىرىمۇ ئىلگىرىكى ئەگرى ـ بۈگرى چىغىر يوللاردىن قاتناشتۇرۇلغان ئاپتوموبىل يولىغا ئۆزگەردى، ھەتتا ئېلېكترونلۇق سودىمۇ ئىشىك ئالدىغىچە تۇتاشتۇرۇلدى، جەنۇبىي شەنشىدىكى ھەممە شەھەر، ناھىيەدە دېگۈدەك ئېلېكترونلۇق سودا جەمئىيىتى بار بولدى. باش شۇجى بىۋاسىتە كۆرسىتىش سۇپىسى ئالدىغا كېلىپ، «ئەڭ كۈچلۈك مال تونۇشتۇرغۇچى» بولۇپ قالدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: ئېلېكترونلۇق سودا ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىپلا قالماي، يەنە يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، چوڭ رول ئوينايدۇ.

كىچىككىنە مور، چوڭ كەسىپ باش شۇجىدا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. باش شۇجى مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: نامراتلارنى يۆلەش كەسىپلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئاممىنى نەپكە ئېرىشتۈرۈش، قىيىن نۇقتىسى سىجىل مۇقىم قىلىش. كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ، تېخىمۇ مۇقىم بولغان مەنپەئەتنى چېتىش مېخانىزمى ئورنىتىپ، ئاممىنىڭ كىرىمىنى سىجىل مۇقىم ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئەنكاڭ شەھىرى پىڭلى ناھىيەسى لاۋشيەن بازىرىنىڭ جىنپىڭ مەھەللىسى باشقا جايدىن كۆچۈرۈلگەن قىيىنچىلىقى بار ئاممىدىن جەمئىي 1346 ئائىلىدىكى 4173 كىشىنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ئىككى يىلدا مەھەللە زاۋۇتلىرى كەينى ـ كەينىدىن قۇرۇلدى، كۆچۈپ كەلگەن نامرات ئامما ئىشىكى ئالدىدىلا ئىشقا ئورۇنلاشتى، بۇرۇنقى نۇرغۇن دېھقان ئائىلىسى ھازىر شەھەر ـ بازارلاردىكى «قوش خىزمەتچى» ئائىلىسىگە ئايلاندى. تاغدا كەسىپلەرنى گۈللەندۈرۈش، تاغ باغرىدا مەھەللە قۇرۇش، مەھەللىدە زاۋۇت قۇرۇش ئارقىلىق ھەر جەھەتتىكى بايلىق جانلاندۇرۇلۇپ، نامرات ئاممىنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ بىر يۇڭلۇق ئويۇنچۇق زاۋۇتىغا كىردى. زاۋۇتتىكى خادىملار ئاساسەن ئايال ئىشچىلار ئىدى، ئىلگىرى ئۇلار تاغدا ئولتۇراتتى، يا سىرتقا چىقىپ ئىشلەيتتى، يا ئائىلىسىدىن خەۋەر ئالاتتى، پەقەت بىرىنىلا تاللىيالايتتى. بۈگۈنكى كۈندە تاغدىن كۆچۈپ چۈشۈپ، ھەم ئىشلەمچىلىك قىلالايدىغان، ھەم ئائىلىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايدىغان بولدى. بىر ئايال ئىشچىنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ ئېرىمۇ ناھىيە بازىرىدىكى زاۋۇتتا ئىشلەيدىكەن، باش شۇجى شى جىنپىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئۇنداقتا سىلەرنىڭ ئائىلە قوش خىزمەتچى ئائىلىسى ئىكەن، كىرىمىڭلار كاپالەتكە ئىگە بوپتۇ».

بىر كىيىم ـ كېچەك شىركىتىنىڭ مەھسۇلات كۆرگەزمە زالىدا، جېجياڭ جۇجىدىن كەلگەن ئايال لاۋبەن باش شۇجىنى كۆرۈپ، خۇددى ئائىلىسىدىكىلەرنى كۆرگەندەك خۇشال بولۇپ كەتتى: «كەلگىنىمگە بىر يىلمۇ بولمىدى، پىڭلى ناھىيەسىدە تۆت مەھەللە زاۋۇتى قۇردۇم، بۇلتۇر ئېكسپورتتىن 4 مىليون دوللار تاشقى پېرېۋوت ياراتتىم. بۇ يىل 3 ـ ئايدا ئىش ئەسلىگە كەلدى، ھازىرغىچە سېتىلىش مىقدارى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. بۈگۈنكى كۈندە چېگرا سىرتىدا يۇقۇم يەنىلا يامراۋاتىدۇ، زاكاز ئازايدى، بىز توردا سېتىش سالمىقىنى ئاشۇردۇق.» ئۇ بىر جۈپ پايپاقنى ئېلىپ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بىر جۈپ پايپاقنىڭ يەككە باھاسى سەككىز كوي سەككىز مو، توردىن سېتىۋالسا 19 كوي توققۇز مو، بىرنى سېتىۋالسا، بىرنى سوۋغا قىلىمىز، پوچتا ھەققىنى كۆتۈرىمىز. باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۇنى سودا قىلىشقا ماھىركەنسىز دەپ ماختىدى.

كۆچۈرۈلگەن ئاھالە ۋاڭ شيەنپىڭ يۇڭلۇق ئويۇنچۇق زاۋۇتى بىناسىدا ئولتۇرىدىغان بولۇپ، باش شۇجى ئۇنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كەلدى، ئۇنىڭ ئائىلە كىرىمى، بالىسىنىڭ ئوقۇشى، داۋالىنىش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي سورىدى. ۋاڭ شيەنپىڭ باش شۇجىغا ئىلگىرى تاغدا ئولتۇرغاندا، نېمىلا قىلسا قولايسىز بولۇپ، بەك نامراتلىشىپ كەتكەنلىكىنى، بۈگۈنكى كۈندە مەھەللىگە كۆچۈپ كېلىپ، ئۇ پەقەت يېنىدىن 10 مىڭ يۈەن چىقىرىپلا، ئۈچ ياتاق، ئىككى مېھمانخانىلىق ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەنلىكىنى، بىزەشكە 30 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل خەجلىگەنلىكىنى، ئىنتايىن ئازادە، يورۇق ئىكەنلىكىنى، ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ خىزمەت تاپقانلىقىنى، ئۆيدىكى چوڭلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايدىغانلىقىنى، بالىسىنىڭ جېجياڭ داشۆسىدە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتقانلىقىنى، ئوقۇش خىراجىتىدىن غەم قىلمايدىغانلىقىنى، بۇنداق كۈنلەرنى ئىلگىرى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. باش شۇجى ئاڭلاپ ئىنتايىن مەمنۇن بولدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: كۆچۈرۈپ چىقىشتىن باشقا يەنە مۇقىم تۇرالايدىغان قىلىش كېرەك. داۋاملاشما يۆلەشتە ئەڭ ھالقىلىق بولغىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش. ئىلگىرى «خاتىرجەم ياشاش» تەكىتلەنگەن بولسا، بۈگۈنكى كۈندە كۆچۈرۈلگەن ئاممىنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، خۇشال ـ خۇرام ئىشلىگەندىلا خاتىرجەم ياشىغىلى بولىدۇ. «ئۆي ياخشى بولۇپ كىرىم بولمىسا يەنىلا تۇرغىلى بولمايدۇ.» ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلغاندىلا، ئاندىن ئاممىنىڭ كۆچۈپ چىقالايدىغان، مۇقىم تۇرالايدىغان، تەدرىجىي بېيىيالايدىغان بولۇشىغا، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان يىل بولۇپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئىنتايىن مۇھىم، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر كۆپرەك چارە ئويلىشى كېرەك.

مەھەللىدىن ئايرىلىپ، باش شۇجى ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ ئايلانما تاغ يولىنى بويلاپ، لاۋشيەن بازىرىنىڭ جياڭجياپىڭ كەنتىگە كەلدى. بۇ يەرنىڭ چاي تېرىش تارىخى تاڭ دەۋرىدىلا خاتىرىلەنگەن، لېكىن ئۇزاق يىللاردىن بۇيان يۇرتداشلار ئالتۇن تاغنى ساقلاپ ياتقان بولسىمۇ، ئەمما قورساقنى باقالمىغان. بۇ ئىككى يىلدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جياڭسۇ ـ شەنشى نامراتلارنى يۆلەش ھەمكارلىق تۈرى كەنتكە كىرگۈزۈلۈپ، نۇۋۋا فېڭخۇاڭ چايچىلىق زامانىۋى ئۈلگە كۆرسىتىش باغچە رايونى قۇرۇلۇپ، «پارتىيە ياچېيكىسى+باشلامچى كارخانا+نامرات ئاھالە» ھەمكارلىق ئەندىزىسى شەكىللەندۈرۈلۈپ، قىيىنچىلىقى بار 100دىن ئارتۇق ئائىلىدىكى ئاممىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇندى.

ئېگىز تاغ ئۈستىدە، باھار شامىلى، باھار يامغۇرى، باھاردىكى چايزارلىق، بۇلۇتلار ئارا تاغلار، دېڭىز كەبى بۇلۇتلار، بۇلۇتلار ئاستىدىكى ئېتىزلار چەكسىز كەتكەندى. باش شۇجى شى جىنپىڭ پەلەمپەيدىن چىقتى، قىرلاردىكى چاي دەرىخى بۈك ـ باراقسان ئۆسكەندى.

چايچى دېھقانلارنىڭ كۆپىنچىسى يەرلىك كەنت ئاھالىلىرى بولۇپ، ئۇلار چىغ قالپاق كىيىپ، بېلىگە سېۋەتنى ئېسىپ، خۇشال كۈلكە ساداسى ئىچىدە بارماقلىرىنى چاي يوپۇرماقلىرى ئارىسىدا ئوينىتىۋاتاتتى. باش شۇجىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلار چۆرىدەپ كېلىپ، باش شۇجىغا ھەر يىللىق ھوسۇلنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى: چايزارلىقنىڭ يەر ئوبوروت ھەققىدىن باشقا يەنە، پايدا تەقسىماتىغا قاتنىشىمىز، چاي تېرىشنى خالايدىغانلارنىڭ يەنە ئىشلەمچىلىك ھەققى بار. «چاي تېرىش پەسلى ھەر يىلى ئۈچ ئاي بولىدۇ، قولى چاققانلار بىر كۈندە 200 يۈەندىن كۆپرەك پۇل تاپالايدۇ، ئاز بولغاندىمۇ يۈز يۈەن تاپىدۇ. خۇددى سىز ئېيتقاندەك، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق!»

ئادەملەر يېشىل تاغلارغا يۈز كېلەلىسە، يېشىل تاغلارمۇ جەزمەن ئادەملەرگە يۈز كېلەلەيدۇ. سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغ ھەم تەبىئىي بايلىق، ھەم ئىقتىسادىي بايلىق. باش شۇجى شى جىنپىڭ خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «يۇرتداشلارنىڭ چاي ئارقىلىق بېيىپ، چاي ئارقىلىق كەسپىنى گۈللەندۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشنى ئۈمىد قىلىمەن!»

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بىر تۈرلۈك بۇرۇنقىلار قىلىپ باقمىغان ئىجادىيەت. باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپ قېتىم مۇنداق تەكىتلىدى: «مەن مىخ قېقىش روھىنى تەشەببۇس قىلىمەن، بۇنى ئۆزۈمدىن باشلىشىم كېرەك! بۇ ئىشنى مەن مىخ قېقىش روھى بىلەن قايتا ـ قايتا تۇتىمەن.» شەنشىنىڭ جەنۇبىدىكى بۇ ئىككى كەنتنى كۆرۈپ، باش شۇجى ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «مېنىڭ بۇ يىل ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەم بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك تاماملاشقا ئىشەنچىم بار، مېنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنىم، كېيىنكى داۋاملاشما ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مەسىلىسى، مۇقىم داۋاملاشىدىغان مېخانىزمنى شەكىللەندۈرگىلى بولۇش ـ بولماسلىق. كوممۇنىستلار ئىش بېجىرىشتە راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇشى، ھەقىقىي تۈردە خەلق ئاممىسىنى ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتۈرۈشى كېرەك».

شەنشى ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت دوكلاتى يىغىنىنى ئاڭلىغاندا، شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: خەلق تۇرمۇشى خەلق بەختىنىڭ ئۇلى، جەمئىيەت ئىناقلىقىنىڭ ئاساسى. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىدىكى ئەمەلىي ئىشلارنى پۇختا، ياخشى قىلىش كېرەك. گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى نىشانلاپ دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، قېپقالغان نامرات نوپۇسنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ رايون خاس كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىش ـ ئۆلچەش ۋە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مېخانىزمى ئورنىتىشنى تېزلىتىپ، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەشتىكى كېيىنكى داۋاملاشما يۆلەشنى كۈچەيتىپ، كۆپ تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش كېرەك.

### ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش: خىرىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئىلگىرىلەش

تۇيۇقسىز تارقالغان بىر مەيدان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن خىرىسقا ئۇچراتتى. دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى چىڭ تۇتۇش، پۇختا تۇتۇش، ئىنچىكە تۇتۇش ئالدىنقى شەرتتە، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، نورمال تۇرمۇش تەرتىپىنى تىرىشىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تېزدىن ئالغا سىلجىتىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تاماملاشتا، بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى تاماملاشتا ئىنتايىن مۇھىم.

يېقىندا جېجياڭدا ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «كىرىزىس بىلەن پۇرسەت ھامان تەڭ پەيدا بولۇپ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، كىرىزىسنى يېڭىشنىڭ ئۆزى پۇرسەت. چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك دەڭسەپ، ئۆزگىرىشنى توغرا تونۇپ، ئۆزگىرىشكە ئىلمىي ماسلىشىپ، ئۆزگىرىشكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنتىلىپ، كۆز ئالدىدىكى كىرىزىس، كۆز ئالدىدىكى قىيىنچىلىقتىن پۇرسەتنى تۇتۇشقا ۋە يارىتىشقا ماھىر بولۇش كېرەك».

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

## «تۆت ئەڭ قاتتىق» تەلەپنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى تۆۋەن چېكىنى قەتئىي چىڭ ساقلاش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سىلجىتىش بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېمەكلىك بىخەتەرلىكى خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ يېمەكلىك بىخەتەرلىكى خىزمىتى توغرىسىدىكى كونكرېت تەلەپلىرىگە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، «تۆت ئەڭ قاتتىق» بويىچە ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىپ، ئەڭ قاتتىق ئۆلچەم تۈزۈپ، ئەڭ قاتتىق نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ئەڭ قاتتىق جازا قوللىنىپ، ئەڭ قاتتىق جاۋابكارلىققا تارتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەربىر مۇداپىئە لىنىيەسىنى قەتئىي ياخشى ئىگىلەپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى تۆۋەن چېكىنى قەتئىي چىڭ ساقلاپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكىدىكى نۇقتىلىق ساھە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش خىزمىتىنى پۇختا تۇتۇپ، ياخشى تۇتۇپ، مەنبەدىن قاتتىق ئالدىنى ئېلىش، جەريانىنى قاتتىق باشقۇرۇش، خەۋپنى قاتتىق تىزگىنلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئېتىز ـ ئېرىقتىن تاماق ئۈستىلىگىچە بولغان ھەربىر مۇداپىئە لىنىيەسىنى ياخشى ئىگىلىشى كېرەك. ئۆتكەنلى ئالدىغا سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقارغان جاينىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ـ ئۆلچەش، ئىشلەپچىقارغان جاينىڭ مۇھىتىنى قوغداش قاتارلىق ھالقىلارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ساياھەت مەنزىرە رايونلىرى، خەلق ئاۋىياتسىيەسى، تۆمۈريول قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەرنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش سالمىقىنى كۈچەيتىپ، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى خەۋپنىڭ ئالدىغا قويۇشى كېرەك؛ مەسىلە يۈنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، يېمەكلىكنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، لاياقەتسىز مەھسۇلاتلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، بولۇپمۇ مەكتەپلەرنىڭ يېمەكلىك بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يوچۇقلارنى ئېتىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ھېچقانداق چاتاق چىقماسلىققا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك؛ ئۈلگە كۆرسىتىپ يېتەكلەشتە چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ يېمەكلىك بىخەتەرلىكى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش شەھىرى ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات سۈپىتى بويىچە بىخەتەر ناھىيە بەرپا قىلىش خىزمىتىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يېمەكلىك بىخەتەرلىكى كاپالەت سەۋىيەسىنى سىجىل ئۆستۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، يەنىمۇ قاتتىق، يەنىمۇ ئىنچىكە، يەنىمۇ پۇختا بولغان ھالدا تۈرلۈك نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى مەسىلىسى كۆرۈلۈشكە «قىلچە يول قويماسلىق»ى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر تەۋەلىك بويىچە باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكىنى «بىرىنچى قول قۇرۇلۇش» قىلىپ يولغا قويۇشقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئەزا ئورۇنلار باشتىن ـ ئاخىر «ساھەنى باشقۇرۇشتا جەزمەن يېمەكلىك بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش» پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئۈنۈم ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت كارخانىلىرى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سۈپەت باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئۆتكىلىنى ھەقىقىي ياخشى ئىگىلىشى كېرەك.

يىغىندا «ئاپتونوم رايونلۇق يېمەكلىك بىخەتەرلىكى كومىتېتىنىڭ خىزمەت قائىدىسى» «ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 ـ يىللىق يېمەكلىك بىخەتەرلىكى بويىچە نۇقتىلىق خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى» «ئاپتونوم رايوننىڭ يېمەكلىك بىخەتەرلىكى تاسادىپىي ۋەقەلەرگە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش دەسلەپكى لايىھەسى» «ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 ـ يىللىق يېمەكلىك بىخەتەرلىكى نىشان مەسئۇلىيەتنامىسى» قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېمەكلىك بىخەتەرلىكى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئەركىن تۇنىياز، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېمەكلىك بىخەتەرلىكى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جەرۇللا ھېسامىدىن يىغىنغا قاتناشتى.

## مەركەزنى چۆرىدەپ، چوڭ ۋەزىيەتكە مۇلازىمەت قىلىپ، تەيۋەنگە قاراتقان تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى نەتىجە ـ ئۇتۇمگە ئېرىشىشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، 2020 ـ يىللىق تەيۋەنگە قاراتقان خىزمەت يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما، تەلەپلىرى بويىچە خىزمەتلەر يەكۈنلىنىپ، ۋەزىيەت تەھلىل قىلىنىپ، بۇ يىللىق تەيۋەنگە قاراتقان خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۇەن پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۈنجېڭ يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: بىر يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ھەم بىرلىك سەپ، تەيۋەنگە قاراتقان خىزمەت تارماقلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەركەزنى چۆرىدەش، چوڭ ۋەزىيەتكە مۇلازىمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، تەيۋەنگە قاراتقان تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى نەتىجە ـ ئۇتۇمگە ئېرىشىشكە تۈرتكە بولۇپ، تەيۋەن كارخانىلىرى، تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق چوڭ ۋەزىيىتىگە مۇلازىمەت قىلىش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: سىياسىي يۈكسەكلىكنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، ئىدىيەۋى تونۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش يۈكسەكلىكىدىن، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش يۈكسەكلىكىدىن، يېڭى دەۋردىكى تەيۋەنگە قاراتقان خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتىنىڭ تىنچ تەرەققىياتىغا پۇختا تۈرتكە بولۇش، ۋەتەننى تىنچ بىرلىككە كەلتۈرۈش مۇساپىسىنى قەتئىي ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ، ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تەيۋەنگە قاراتقان خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشتىكى سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك. «تىنچ بىرلىككە كېلىش، بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، مۇرەككەپ، كەسكىن ۋەزىيەتكە مۇۋاپىق تاقابىل تۇرۇپ، ھەرقانداق شەكىلدىكى «تەيۋەن مۇستەقىللىقى» بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇش ۋە توسۇش كېرەك. شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى پايدىسىنى تولۇق قويۇپ بېرىپ، شىنجاڭ ـ تەيۋەن ئىككى جاينىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، مەدەنىيەت ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىلەن ئىنتىپاقلىشىپ جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئورتاق ئەۋج ئالدۇرۇپ، قېرىنداشلىق ھېسسىياتىنى يۇغۇرۇپ، قەلبلەرنىڭ تۇتىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللەتنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. تەيۋەنلىك سودىگەرلەر، تەيۋەن كارخانىلىرىغا بولغان مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىپ، تەيۋەنلىك سودىگەرلەر، تەيۋەن كارخانىلىرىنى «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىغا پائال سىڭىپ كىرىشكە يېتەكلەپ، شىنجاڭ ـ تەيۋەن ئىككى جاينىڭ ئىقتىساد ـ سودا ئالاقىسىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەۋزەللىكلەر ئارقىلىق ئۆز ـ ئارا تولۇقلاپ، شىنجاڭ ـ تەيۋەن ئىككى جاينىڭ ئىقتىساد ـ سودا، پۇل مۇئامىلە، كەسىپ، ساياھەت، مەدەنىيەت قاتارلىق كۆپ جەھەتلەردىكى ئالاقە، ھەمكارلىقىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، تەيۋەنگە نەپ يەتكۈزىدىغان، خەلققە پايدىلىق تۈرلۈك تەدبىرلەرنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش ئالدىنقى شەرتتە، شىنجاڭدىكى تەيۋەن كارخانىلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتتە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، تەيۋەنلىك سودىگەرلەر، تەيۋەن كارخانىلىرىنىڭ شىنجاڭدا يىلتىز تارتىش، تەرەققىي قىلىپ زورىيىش ئىشەنچىسىنى ئۇرغۇتۇپ، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار، تەيۋەنلىك سودىگەرلەرنى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: پارتىيەنىڭ تەيۋەنگە قاراتقان خىزمەتلەرگە بولغان مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنۇتماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى سىجىل مۇستەھكەملەپ، كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى تىزگىنلەش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، تەيۋەنگە قاراتقان خىزمەتلەرنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن سو يۈ، رىن خۇا، ماغاۋ سېيىتقامزا يىغىنغا قاتناشتى.